# كىمكى مۇئەززىننىڭ ئەزان ئوقۇغىنىنى ئاڭلىغاندا: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق، ئاللاھ يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئاللاھ تائالاغا رەب جەھەتتە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەلچىلىك جەھەتتە ۋە ئىسلامغا دىن جەھەتتە رازى بولدۇم دېسە، ئۇ كىشىنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ

سەئەد بىن ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇئەززىننىڭ ئەزان ئوقۇغىنىنى ئاڭلىغاندا: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق، ئاللاھ يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئاللاھ تائالاغا رەب جەھەتتە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەلچىلىك جەھەتتە ۋە ئىسلامغا دىن جەھەتتە رازى بولدۇم دېسە، ئۇ كىشىنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».

[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇئەززىننىڭ ئەزان ئوقۇغىنىنى ئاڭلىغاندا: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق، ئاللاھ يالغۇز، ئاللاھنىڭ ھېچ شېرىكى يوق، يەنى: ئاللاھدىن باشقا ھېچ ھەق مەبۇد يوق دەپ ئىقرار قىلىمەن ۋە ئېتىراپ قىلىمەن، ئاللاھدىن باشقا مەبۇدلارنىڭ ھەممىسى باتىل دېسە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى يەنى: ئۇ ئىبادەت قىلىنمايدىغان بەندە، يالغان سۆز قىلمايدىغان ئەلچىدۇر. ئاللاھ تائالاغا پەرۋەردىگارلىق جەھەتتە رازى بولدۇم يەنى: ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارلىقى، ئىلاھلىقى، ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىگە رازى بولدۇم. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ يەتكۈزۈشكە بۇيرىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىزگە يەتكۈزگەنلىكىگە، ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغانلىقىغا رازى بولدۇم. ئىسلامغا ئۇنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرى، بۇيرۇق-چەكلىمىلىرىگە ئېتىقاد قىلىپ ۋە بويسۇنۇپ دىن دەپ رازى بولدۇم دېسە ئۇ كىشىنىڭ بارلىق كىچىك گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/6272